
“碧理盖（神童）”儿童学习系列图书
bì lǐ gài (shén tóng) ér tóng xué xí xì liè tú shū

«بىلگەك» بالىلار قوش تىل ئۆگىنىش
يۈرۈشلۈك كىتابلىرى

# ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى
# 维吾尔语识字

1



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تىل راۋان
Til Rawan

# كىتاب ھەققىدە

ھەر بىر بالىنىڭ بۇ دۇنيادا تېگىشلىك نېسىۋىسى بار. ھەر بىر بالىنىڭ ئۆز ھاياتىنى گۈزەل باشلاش ئارزۇسى بار. ھەر بىر بالىنىڭ ئاساسىي مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى بار. ھەر بىر بالىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى بار. ھەر بىر بالىنىڭ كەلگۈسىگە تۇتاشقان ئارزۇ - ئارمانلىرى بار!

كۈنىمىزدە، مەيلى مائارىپشۇناسلار ياكى ئاتا - ئانىلار بولسۇن، باللار تەربىيەسىنىڭ ئادەم تەربىيەسىدىكى مۇھىم ئورنىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. باللار تەربىيەسى ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەم شۇنداقلا پۈتكۈل مائارىپنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى. باللار تەربىيەسىنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ راۋاجلىنىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىندىن بۇيان خەلقىمىز باللار تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىپ يەتتى. لېكىن باللار تەربىيەسىنىڭ تەربىيەلەش ئوبيېكتىنىڭ قاراتمىلىقى، ۋاقىت، ئورۇن، شەكىل ۋە مەزمۇنىنىڭ جانلىقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلارنى باللار تەربىيەسىدە «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» بولۇشتەك ئەمەلىي مەسىلىگە يۈزلەندۈردى.

باللار تەربىيەسى پۈتكۈل مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە مۇستەقىل بىر ئىلىم. باللار تەربىيەسى چوقۇم تەربىيەلەش ئوبيېكتىنى ئاساس قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ۋە پسىخىك تەرەققىياتى، ئىقتىدار ۋە قابىلىيىتىنى قېزىپ چىقىرالايدىغان بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ئىزدىنىشتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى ھەم ئۆزلۈك خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

مۇئەللىم ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتىمىز رايونىمىزدىكى ئېلېكترونلۇق مائارىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز مەھسۇلاتلىرىدا مائارىپنىڭ ئورتاقلىق پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى: ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، مائارىپ بايلىقلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مائارىپنى ئاساس قىلغان ئېچىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك ئىسلاھاتىغا ماس قەدەمدە ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەپلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

مۇئەللىم ئېلېكترون پەن - تېخنىكا شىركىتىمىز بۇ يىل مەخسۇس 0 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان ئائىلە، يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ تۆۋەن يىللىقلىرىدىكى باللار تەربىيەسى قاراتمىلىققا ئىگە قىلىنغان، بىر يۈرۈش « بىلگەك » باللار قوش تىل ئۆگىنىش يۈرۈشلۈك كىتابلىرىنى بازارغا سالدى. « بىلگەك » باللار قوش تىل ئۆگىنىش يۈرۈشلۈك كىتابلىرى « ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى » (3 قىسىم)، «ماتېماتىكا باغچىسى»، «خەت تونۇش باغچىسى» (2 قىسىم)، «پىنيىن باغچىسى»، «ئىنگلىز تىلى باغچىسى»،

تىل راۋان
Til Rawan

«مەرىپەت باغچىسى» ( 2 قىسىم )، «چۆچەك مەسەللەر باغچىسى» قاتارلىق 7 يۈرۈش 11 كىتابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىركىتىمىز مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى تىلشۇناس دوكتورلارنىڭ پىلانلىشى ۋە بالىلار مائارىپى تەربىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى.

شىركىتىمىز «بىلگەك» بالىلار قوش تىل ئۆگىنىش يۈرۈشلۈك كىتابلىرىنى تۈزۈشتە، بالىلارنىڭ قىزىقىشى ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، باسما كىتاب ۋە ئاۋازلىق ئەسەردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى. ھەر بىر يۈرۈش باسما كىتابنىڭ مەزمۇن ئوبيېكتىغا ئاساسەن ئوبرازلىق قىستۇرما رەسىملەر لايىھەلەندى ۋە مۇۋاپىق خەتلىك چۈشەندۈرۈشلەر بېرىلدى. بۇلار مەزمۇننىڭ ئوبرازچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى كۈچەيتىدۇ؛ بالىلارنىڭ كىتابتىكى تەبىئەت، جەمئىيەت بىلىملىرى ۋە باشقا بىلىم مەزمۇنلىرىنى ئىگىلىشىنى جانلىقلاشتۇرۇپلا قالماي، كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ھوزۇرلىنىش ۋە ھوزۇرلىنىشنىڭ ئىچىدە بىلىم ئۆگىتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ؛ بۇ رەسىم ۋە خەتلەرنىڭ ئاۋاز ئۈنۈمى جانلىق بولۇپ، بالىلار قايسى مەزمۇننى قەلەم ئارقىلىق چەكسە، كەسىپىي ئۆلچەملىك رېئال ئاۋاز ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە بالىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشنىڭ ھوزۇرىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ.

«بىلگەك» بالىلار قوش تىل ئۆگىنىش يۈرۈشلۈك كىتابلىرى ئۇيغۇر بالىلار تۇرمۇشىغا يېقىن، جانلىق ۋە قىزىقارلىق، مەزمۇنلۇق بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. ھەر بىر يۈرۈشلۈك كىتاب بالىلىرىمىزنىڭ ئەتراپى ۋە تۇرمۇشىدىكى بىر دانە بەلگە، بىر خەت، بىر تاۋۇش، بىر ھەرپ، بىر رەسىم ۋە بىر ئاۋازغا بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. بالىلىرىمىزنىڭ بۇ كىتابلارنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش جەريانىدا مەرىپەت ۋە سەنئەتكە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىدىغانلىقىغا، چېھرىدە پارلىغان خۇشاللىق بىلەن تەڭ، قەلبىدە بىلىمگە بولغان ئىشتىياق، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئويغىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

تىل راۋان
Til Rawan

# ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى ھەققىدە

يېقىنقى يىللاردىن بېرى رايونىمىزدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن دەرسلىكلەردىن باشقا بىرمۇنچە ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى تۈزۈلدى. «مۇئەللىم» شىركىتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىلگىرى تۈزۈلگەن ئېلىپبەلەرنى تەكرار تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ھازىرغا قەدەر تۈزۈلگەن ئېلىپبەلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىدىن بىر ئېلىپبە تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ ئېلىپبە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپتى:

بىرىنچى بۆلەكتە ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشى، مىساللار، قوشۇپ ئوقۇش، شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى تېپىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مىساللارنى چەككەندە ئوقۇپ بېرىدۇ؛ مۇناسىپ رەسىملەرنى چەككەندە شۇ سۆزنى ئوقۇپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك مەشىق بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ھەرپلەرگە ئاجرىتىش، بوغۇملارغا ئايرىش، سۆز ياساش مەشىقلىرى ۋە بالىلارغا خاس يېڭىلتماق، تېپىشماق، ماقال-تەمسىل ۋە ئۇيغۇر پەرھىز مەدەنىيىتىگە ئائىت «يامان بولىدۇ» شەكلىدىكى نەسىھەتلەر بېرىلدى.

ئېلىپبەدىكى ھەرپلەر تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

1. 32 ھەرپ بەش بۆلەككە ئايرىلدى، ئالدىنقى تۆت بۆلەككە ئالتىدىن، ئاخىرقى بىر بۆلەككە سەككىز ھەرپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. ھەر بىر بۆلەككە ئىككىدىن سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەنى ئا، ئە؛ ئې، ئى؛ ئو، ئۇ؛ ئۆ، ئۈ.

3. ئۆگەنگەن ھەرپلەردىن پايدىلىنىپ بوغۇم ۋە سۆز تۈزۈشكە قولاي بولۇشى ئۈچۈن، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىن كېيىن تۆت ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

4. ھەر بىر سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىن كېيىن ئىمكانقەدەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى بېرىلدى.

5. ھەر بىر سوزۇق تاۋۇش ھەرپىدىن كېيىن بېرىلگەن ئۈزۈك تاۋۇشلار شۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن، «غ، ق، خ» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار «ئۆ، ئۈ» بىلەن بىر يەرگە قويۇلمىدى.

6. ئوقۇش مەشىقى ئۈچۈن ئىمكانقەدەر مەنىسى بار بوغۇم ياكى سۆزلەر ئاساس قىلىندى.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ئېلىپبەدىكى ھەرپلەر تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى: (بۇ ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن مۇناسىۋەتسىز)

ئا، ئە، ن، ت، ب، پ؛
ئې، ئى، ي، ق، غ، د؛
ئو، ئۇ، س، ش، ۋ، ل؛
ئۆ، ئۈ، ك، گ، ج، چ؛
خ، م، ر، ز، ژ، ف، ھ، ڭ.

تىل راۋان
Til Rawan

ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشى ۋە شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھەرپلەر

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ئە | س | ش | | |
| ب | پ | ت | ن | | |
| ئو | ئۇ | ئۆ | ئۈ | ۋ | |
| ھ | م | ي | ئې | ئى | |
| ج | چ | خ | غ | | |
| ك | گ | ل | ڭ | | |
| د | ر | ز | ژ | ق | ف |



تىل راۋان
Til Rawan

# ئېلىپبە ناخشىسى

ئا ئە ئې ئى ئو ئۇ ئۆ ئۈ


ب پ ت ج چ خ د ر

ز ژ س ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي



تىل راۋان
Til Rawan

| | | | |
|---|---|---|---|
|  |  |  |  |
| ئا ـا ا ـئا | ئە ـە ە ـئە | نـ ـنـ ـن ن | تـ ـتـ ـت ت |
|  |  |  |  |
| بـ ـبـ ـب ب | پـ ـپـ ـپ پ | ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ<br>ې ـې ـئې ئې | ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ<br>ى ـى ـئى ئى |
|  |  |  |  |
| يـ ـيـ ـي ي | قـ ـقـ ـق ق | غـ ـغـ ـغ غ | د ـد |
|  |  |  |  |
| ئو و ـو ـئو | ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ | سـ ـسـ ـس س | شـ ـشـ ـش ش |



تىل راۋان
Til Rawan

| | | | |
|---|---|---|---|
|  |  |  |  |
| ۋ ۋ | ل ل ل ل | ئۆ ۆ ۆ ئۆ | ئۈ ۈ ۈ ئۈ |
|  |  |  |  |
| ك ك ك ك | گ گ گ گ | ج ج ج ج | چ چ چ چ |
|  |  |  |  |
| خ خ خ خ | م م م م | ر ر | ز ز |
|  |  |  |  |
| ژ ژ | ف ف ف ف | ھ ھ | ڭ ڭ ڭ ڭ |



تىل راۋان
Til Rawan

# سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى

ئا ئە ئې ئى ئو ئۇ ئۆ ئۈ

# ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى

ب پ ت ج چ خ د ر

ز ژ س ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي



تىل راۋان
Til Rawan

## ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ شەكىللىرى

| شەكلى | نامى | شەكلى | نامى | شەكلى | نامى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ا | تىك | ح | يا ئەگمە | ◆ | چېكىت |
| ل | ئوڭ تىك | ں | تاقا | ◆◆ | جۈپ چېكىت |
| ا | سول تىك | ە | ھالقا | ◆◆◆ | ئۈچ چېكىت |
| ا | پەس تىك | ھ | تۆگۈن | ◆ | تېم |
| ـ | كىرتىك | ع | قىر تۆگۈن | ◆◆ | جۈپ تېم |
| د | باش كىرتىك | ھ | قوش تۆگۈن | ◆ | تىك تېم |
| ـ | سىزىق | د | دېلتا | ◆◆◆ | ئۈچ تېم |
| ر | سىرىمە | د | سەچۆك | ء | ھەمزە |
| ـ | تۈز سىرىمە | ـ | پەش قۇلاق | و | «ئۇ» پەش |
| ا | پەس سىرىمە | ى | چىغىر | ٧ | «ئۆ» پەش |
| ع | ئەگمە | ـ | تاق شاخ | ا | «ئۈ» پەش |
| ~ | قاش ئەگمە | ـ | جۈپ شاخ | ئـ | باش ھەمزە |

تىل راۋان
Til Rawan



# ئا ا ـا ئـا






| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاي | كاۋاپ | سائەت | ئۇنئالغۇ |
| ئالما | راۋاب | ئانار | تاشئالما |

## سۆز مەشىقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئات | ئالتە | ئالتۇن | ئايروپىلان |
| ئالەم | ئاسمان | ئاچقۇچ | ئاپتاپپەرەس |



## ھەرپ ئويۇنى

ئا ا ا ـا ئا ا ا ـا




تىل راۋان
Til Rawan

ئات ئەرگە قانات



# ئە ە ـە ـئە









| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەينەك | دەرەخ | بەش | مەشئەل |
| ئەت | سەۋزە | قەلەم | سەنئەت |

## سۆز مەشقى

ئەتلەس  ئەنجۈر  ئەللىك  ئەسكەر

ئەتىر  ئەدىيال  ئەمگەك  ئەقىل

## هەرپ ئويۇنى

ئە  ە  ـە  ـئە  ئە  ە  ـە  ـئە




ئەمگەكنىڭ مېۋىسى تاتلىق.

تىل راۋان
Til Rawan



# نـ ـنـ ـن ن






| | | | |
|---|---|---|---|
| نان | كېپىنەك | تىيىن | قوغۇن |
| ناغرا | سىنىپ | ئېقىن | بۇرۇن |

## سۆز مەشىقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ناۋات | نەقش | نەشپۈت | نۇر |
| نۆل | نىقاب | نەي | نەيزە |

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ن+ا = نا | ن+ە = نە | ئا+ن = ئان | ئە+ن = ئەن |
| ئا+نا = ئانا | ئە+نە = ئەنە | نا+ن = نان | نە+ن = نەن |




ئانا دېگەن باغ، ئاتا دېگەن تاغ.

تىل راۋان
Til Rawan



# تـ ـتـ ـت ت

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاۋۇز | كەپتەر | گېزىت | تۆت |
| تاغ | پالتا | ئىت | پۇت |

## سۆز مەشىقى

تاپانچا تاكسى تەپكۈچ تونۇر

تەخسە توخۇ تۇخۇم تورت

## قوشۇپ ئوقۇش


ت+ا = تا ت+ە = تە ئا+ت = ئات ئە+ت = ئەت

تا+ن = تان تە+ن = تەن نا+ت = نات نە+ت = نەت





تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

تىل راۋان
Til Rawan



# ب ﺑ ﺒ ﺐ






| | | | |
|---|---|---|---|
| بۆرە | تەمبۇر | ئەدىب | كىتاب |
| باش | ئامبۇر | رەقىب | ھېساب |

سۆز مەشقى

بايراق بۆشۈك بۇلۇت بىخ

بۈركۈت بەش بىنا بۇغداي



قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ب+ا = با | ب+ە = بە | ئا+ب = ئاب | ئە+ب = ئەب |
| با+ن = بان | بە+ن = بەن | تا+ب = تاب | تە+ب = تەب |
| با+ب = باب | بە+ب = بەب | با+ت = بات | بە+ت = بەت |




باتۇر بىر ئۆلدۇ، قورقۇنچاق مىڭ

تىل راۋان
TilRawan



# پـ ـپـ ـپ پ

| | | | |
|---|---|---|---|
| پىچاق | تاشپاقا | يىپ | داپ |
| پۇل | كەمپۈت | سىنىپ | توپ |

سۆز مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| پالتا | پاراخوت | پەردە | پوسما |
| پاقا | پۇتبول | پاشا | پەلەي |



قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| پ+ا = پا | پ+ە = پە | ئا+پ = ئاپ | ئە+پ = ئەپ |
| پا+ن = پان | پە+ن = پەن | پا+ت = پات | پە+ت = پەت |
| نا+پ = ناپ | نە+پ = نەپ | تا+پ = تاپ | تە+پ = تەپ |




قېرى كالا پىچاقتىن قورقماس

تىل راۋان
Til Rawan



# ئې ـې ـېـ ئېـ ې ئې









| | | | |
|---|---|---|---|
| ئېتىز | دېڭىز | كېمە | مېغىز |
| ئېكران | دېھقان | خۇاڭخې | مالدىۋې |

سۆز مەشىقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئېدىر | ئېرىق | ئېشەك | ئېغىز |
| ئېگەر | ئېكەك | ئېلىپبە | ئېمىزگۈ |



قوشۇپ ئوقۇش

| | | |
|---|---|---|
| ب + ې = بې | پ + ې = پې | ن + ې = نې |
| ت + ې = تې | ئې + ن = ئېن | ئې + ت = ئېت |
| ئې + پ = ئېپ | ئې + ب = ئېب | تې + ب = تېب |
| پې + ت = پېت | تې + ن = تېن | تې + پ = تېپ |




بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، ئايرىلغاننى ئېيىق يەر.

تىل راۋان Til Rawan

# ئىـ ـىـ ىـ ـئىـ ى ـى ـئى ئى



| | | | |
|---|---|---|---|
|  |  |  |  |
| ئىز | تىل | ئىككى | ساقچى |
| ئىش | ئىدىش | كادىر | ئائىلە |

**سۆز مەشىقى**

ئىس　ئىستاكان　ئىسكىلىت　ئىشتان

ئىشىك　ئىمارەت　ئىرىمچىك　ئىشكاپ



**قوشۇپ ئوقۇش**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ب + ى = بى | پ + ى = پى | ن + ى = نى | ت + ى = تى |
| ئىـ + ن = ئىن | ئىـ + ت = ئىت | ئىـ + پ = ئىپ | ئىـ + ب = ئىب |
| تىـ + ب = تىب | پىـ + ت = پىت | تىـ + ن = تىن | تىـ + پ = تىپ |




ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن.

تىل راۋان
Til Rawan



# يـ ـيـ ـي ي









| | | | |
|---|---|---|---|
| يولۋاس | تىيىن | سۈنئىي ھەمراھ | قوي |
| يەتتە | قىيىن | ئىلمىي | توي |

### سۆز مەشقى

يەرشارى　يەلپۈگۈچ　يىلان　يىڭناغۇچ　يول

يۈرەك　ياڭاق　يىپ　يىڭنە　يوپكا

### قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ي + ا = يا | ي + ە = يە | ي + ې = يې | ي + ى = يى |
| ئا + ي = ئاي | ئە + ي = ئەي | با + ي = باي | تا + ي = تاي |
| يا + پ = ياپ | يە + پ = يەپ | يا + ت = يات | پا + ي = پاي |




يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن.

تىل راۋان
TilRawan



# ﻗ ﻘ ﻖ ﻕ






| | | | |
|---|---|---|---|
| قول | چاشقان | قېيىق | قوناق |
| قۇلاق | توشقان | بېلىق | ئاق |

سۆز مەشىقى

قەلەم قوزىچاق قومۇش قېرىنداش قاغا

قوتاز قوغۇن قىرىق قىزچاق قىلىچ

قوشۇپ ئوقۇش

ق + ا = قا    ق + ە = قە    ق + ې = قې    ق + ى = قى

ئا + ق = ئاق    قا + پ = قاپ    قا + ت = قات    قا + ن = قان

با + ق = باق    تا + ق = تاق    تە + ق = تەق    قە + ن = قەن




مۈشۈك چۈشىدە چاشقان كۆرەر.

تىل راۋان
Til Rawan

# غـ ـغـ ـغ غ












| | | | |
|---|---|---|---|
| غۇنچە | چامغۇر | تىغ | تاغ |
| غاز | يامغۇر | قىغ | باغ |

## سۆز مەشقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| غىجەك | غار | غاڭزا | غازاڭ |
| غەلۋىر | غوزەك | غۇنچە | غالتەك |



## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| غ + ا = غا | غ + ە = غە | غ + و = غو | غ + ۇ = غۇ |
| غۇ + ن = غۇن | غا + ن = غان | با + غ = باغ | تا + غ = تاغ |
| يا + غ = ياغ | يى + غ = يىغ | تى + غ = تىغ | قى + غ = قىغ |




تىل راۋان
Til Rawan

# د د





دىنازاۋۇر
دوپپا



دەرەخ
ئورۇندۇق



چايدان
دەريا



دۇتار
دەپتەر

## سۆز مەشىقى

داپ　دېرىزە　دېڭىز　دادا　ئەدەبىيات

دوست　دۇمباق　دۈشەنبە　دورا　دوسكا


## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| د+ ا = دا | د + ە = دە | د + ي = دي | د + ى = دى |
| دا + پ = داپ | دە + پ = دەپ | دا + ت = دات | دە + ت = دەت |
| دا + ن = دان | دە + ي = دەي | دا + ق = داق | پە + د = پەد |





تىل راۋان
Til Rawan

ئەل ھممتى دەريا.



# ئو و و ئو

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئون | دوسكا | سومكا | ئارخېئولوگ |
| ئوق | دوپپا | توز | گېئولوگ |

## سۆز مەشىقى

ئوكۇل ئوتۇن ئوغلاق ئوكيان ئورمان

ئوق ئورغاق ئوتتۇز ئوغۇل ئوسما

## قوشۇپ ئوقۇش

ن + و = نو    ت + و = تو    پ + و = پو    ب + و = بو

ئو + ن = ئون    ئو + ت = ئوت    ئو + ب = ئوب    قو + ي = قوي

ئو + ي = ئوي    ئو + ق = ئوق    بو + ل = بول    يو + ل = يول




ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ.


تىل راۋان
Til Rawan



# ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ







| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇسسۇل | دۇكان | يوپۇرماق | ئاق ئۇن |
| ئۇسترا | دۇلدۇل | مايمۇن | مەلئۇن |

## سۆز مەشىقى

ئۇزۇن  ئۇسترا  ئۇۋا  ئۇيغۇر

ئۇستىخان  ئۇرۇش  ئۇچلۇق  ئۇچقۇن

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ن + ۇ = نۇ | ت + ۇ = تۇ | پ + ۇ = پۇ | ب + ۇ = بۇ |
| ئۇ + ن = ئۇن | ئۇ + ت = ئۇت | قۇ + ت = قۇت | پۇ + ل = پۇل |
| ئۇ + ي = ئۇي | ئۇ + ق = ئۇق | تۇ + ي = تۇي | قۇ + ي = قۇي |




تىل راۋان
Til Rawan

ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن ئۇرۇشماي ئۇيۇشۇپ ئۇلغايدى.

# ﺳ ﺴ ﺲ س








سامسا    سامساق    رېلىس    ئەتلەس
سومكا    ئىسسىق    ئىس    داس

## سۆز مەشىقى

سوپۇن    ساندۇق    سەھنە    سېۋەت    سۇت
سۇپۇرگە    سۇرەت    سۇزگۇچ    سىپىل    سېرىك

## قوشۇپ ئوقۇش

ﺳ + ا = سا    ﺳ + ە = سە    ﺳ + ې = سې    ﺳ + ى = سى
ﺳ + ۇ = سۇ    ئا + س = ئاس    ئە + س = ئەس    ئۇ + س = ئۇس
سا + ن = سان    سە + ت = سەت    سۇ + ت = سۇت    ئى + س = ئىس




تىل راۋان
Til Rawan

يەر هوسۇلنىك ئانىسى، ئەمگەك هوسۇلنىك ئاتىسى.



# ش ش ش ش

| | | | |
|---|---|---|---|
| شام | ئىشچى | چىش | تاش |
| شار | ئىشكاپ | قىش | بەش |

## سۆز مەشىقى

شاپتۇل　شاتۇتى　شاخ　شارپا　شىر

شەپەرەڭ　شەپكە　شوتا　شارقىراتما　شىرە

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ش + ا = شا | ش + ە = شە | ش + ې = شې | ش + ى = شى |
| ئا + ش = ئاش | ئە + ش = ئەش | ئې + ش = ئېش | ئۇ + ش = ئۇش |
| شا + ت = شات | شا + پ = شاپ | با + ش = باش | قو + ش = قوش |




تىل راۋان
Til Rawan

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

# ۋ ۋ








ۋاراتار  كاۋاپ  مېۋە  ۋالبول

ۋازا  دەرۋازا  سېۋەت  ۋاگون

## سۆز مەشقى

ۋاگون  ۋانىنا  ۋاقىت  ۋاسكېتبول

ۋېلسىپىت  ۋىنتا  ۋولقان  دىۋە

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋ+ا = ۋا | ۋ+ە = ۋە | ۋ+ې = ۋې | ۋ+ى = ۋى |
| ۋا+ي = ۋاي | ۋو+ي = ۋوي | ۋى+ت = ۋىت | ۋە+ت = ۋەت |
| ۋۇ+ي = ۋۇي | ۋا+ت = ۋات | ۋا+پ = ۋاپ | ۋا+ي = ۋاي |



ۋاقىت ئاتقان ئوق.

ۋېلسىپىتنىڭ ۋىنتىلىرى بوشاپ قاپتۇ.

ۋاقىتىڭ كەتتى ــــ بەختىڭ كەتتى

تىل راۋان
Til Rawan

# لـ ـلـ ـل ل











| | | | |
|---|---|---|---|
| لۆڭگە | گىلەم | تىل | دەزمال |
| لەگلەك | مىللەت | زەمبىل | قول |

سۆز مەشىقى

لامپۇچكا لاچىن لاخشىگىر لەڭمەن ئۈنئالغۇ

لەھەڭ لوڭقا لۇغەت لەڭپۇڭ لەمپە



قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ل + ا = لا | ل+ە = لە | ل+ې = لې | ل+ى = لى |
| ئا + ل = ئال | ئە+ل = ئەل | لا+ي = لاي | تە+ل = تەل |
| پو + ل = پول | پۆ+ل = پۆل | قو+ل = قول | سو+ل = سول |




ئىللەت تۈزەلمىگۈچە، مىللەت تۈزەلمەس

تىل راۋان
Til Rawan



# ئۆ ۆ ۆ ئۆ









| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆي | دۆ | تۆگە | قارىئۆرۈك |
| ئۆچكە | دۆلەت | كۆز | ئاقئۆي |

### سۆز مەشىقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆتۈك | كۆۋرۈك | ئۆردەك | ئۆپكە |
| ئۆڭكۈر | ئۆمۈچۈك | ئۆستەڭ | ئۆنچە |

### قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ن+ۆ = نۆ | ت+ۆ = تۆ | ي+ۆ = يۆ | پ+ۆ = پۆ |
| د+ۆ = دۆ | س+ۆ = سۆ | ئۆ+ن = ئۆن | ئۆ+ت = ئۆت |
| ئۆ+س = ئۆس | ئۆ+ل = ئۆل | كۆ+ز = كۆز | ئۆ+ي = ئۆي |




ئۆزەڭنى چىڭ تۇت ، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

تىل راۋان
Til Rawan



# ئۈ ۈ ۈ ئۈ






ئۈستەل ئۆرۈك گۈل ئۈزۈك

ئۈزۈم ئستئۈزۈم كۈز ئۆچۈرگۈچ


## سۆز مەشقى

ئۈجمە ئۈچەي ئۈزەڭگە ئۈنئالغۇ

ئۈنچە ئۈرۈمچى ئۈلگە ئۈچكە

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ن+ۈ = نۈ | ت+ۈ = تۈ | ي+ۈ = يۈ | پ+ۈ = پۈ |
| ئۈ+ن = ئۈن | ئۈ+ت = ئۈت | ئۈ+ل = ئۈل | س+ۈ = سۈ |
| پۈ+ك = پۈك | شۈ+ك = شۈك | يۈ+ك = يۈك | تۈ+ك = تۈك |





ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش.

تىل راۋان
Til Rawan



# ك ك ك ك



| | | | |
|---|---|---|---|
| كېپىنەك | ئىككى | كېيىك | بۆشۈك |
| كارۋات | بولكا | ئىشىك | ئېشەك |

## سۆز مەشىقى

كالا كەپتەر كاككۇك كېچە كېمە

كىرپە كىيىم كوچا كۆز كۆزئەينەك

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ك+ا = كا | ك+ە = كە | ك+ې = كې | ك+ى = كى |
| ئا+ك = ئاك | ئە+ك = ئەك | ئى+ك = ئىك | ئۆ+ك = ئۆك |
| كا+ت = كات | كە+ت = كەت | كا+ن = كان | كە+ن = كەن |



كېپىنەك، كېپىنەك كەلگىن جان دوستۇم،

كاككۇك كەلدى، ياز كەلدى،

كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە.

تىل راۋان Til Rawan



# گ ـگ ـگـ گـ

| | | | |
|---|---|---|---|
| گېزىت | تەڭگە | مۈڭگۈز | ئەگ |
| گىلەم | چىگ | بىلىگ | بەگ |

## سۆز مەشىقى

گۈل گالستۇك گىلاس گۈرۈچ گۆش

گىتار گىردە گازىر گارمون گىر

## قوشۇپ ئوقۇش

گ+ا = گا گ+ە = گە گ+ې = گې گ+ى = گى

گ+و = گو گ+ۇ = گۇ گ+ۆ = گۆ گ+ۈ = گۈ

ئە+گ = ئەگ گە+پ = گەپ گۆ+ش = گۆش گۈ+پ = گۈپ




تىل رىۋان
Til Rawan

گەپ بىر، قۇلاق ئىككى



# جـ ـجـ ـج ج









| | | | |
|---|---|---|---|
| جۇۋا | بۆلجۈرگەن | جۈمەك | تاج |
| مىج | نىجات | رەنج | باج |

### سۆز مەشىقى

جاۋەن　　جەنۇب　　جايناماز　　جەدۋەل

جۇڭگو　　جىنەستە　　جۈمە　　جوتۇ



### قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| جـ+ا = جا | جـ+ە = جە | جـ+ې = جې | جـ+ى = جى |
| جا+ن = جان | جە+ن = جەن | جا+ي = جاي | جـ+ىن = جىن |
| تا+ج = تاج | با+ج = باج | گە+ج = گەج | كا+ج = كاج |





جاپانىڭ تېگى راھەت.

تىل راۋان
Til Rawan



# چ چـ ـچـ ـچ



| | | | |
|---|---|---|---|
| چاشقان | پىچاق | قايچا | سىزغۇچ |
| چەينەك | قىلىچ | غىرىچ | ئاچقۇچ |

## سۆز مەشقى

چىش چامغۇر چاقماق چاچ چاق

چۆمۈچ چويلا چىچەك چاي چىراغ

## قوشۇپ ئوقۇش

چ+ا = چا    چ+ە = چە    چ+ې = چې    چ+ى = چى

ئا+چ = ئاچ    ئې+چ = ئېچ    ئۆ+چ = ئۆچ    ئۇ+چ = ئۇچ

چە+ت = چەت    چا+ي = چاي    كۈ+چ = كۈچ    پە+چ = پەچ

ئاچا، ئۈنچە چاچ.

چىرايلىق چىنە-چەينەك چېقىلدى.



چاڭقىغانغا سۇ بەر، مۇزلىغانغا ئوت.

Til Rawan



# خـ ـخـ ـخ خ






| | | | |
|---|---|---|---|
| خەرىتە | بىخ | مىخ | دەرەخ |
| خوراز | ئىخلاس | گۈلخان | شاخ |

### سۆز مەشىقى

خەت   خەزىنە   خەۋەر   خالتا   خالات

خىمىر   خامان   توخۇ   خەتەرلىك   كىنوخانا



### قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| خـ+ا = خا | خـ+ە = خە | خـ+ې = خې | خـ+ى = خى |
| خە+ت = خەت | خى+ل = خىل | خۇ+ي = خۇي | خا+ن = خان |
| تا+خ = تاخ | پا+خ = پاخ | پى+خ = پىخ | پۇ+خ = پۇخ |




خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا بولماس.

تىل راۋان
Til.Rawan



مـ مـ م م






| | | | |
|---|---|---|---|
| ماشىنا | ئالما | سىم | قەلەم |
| مايمۇن | ئاسمان | مۇئەللىم | شام |

## سۆز مەشىقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەلىكە | ماي | مايسا | مېكىيان |
| مۇسابىقە | ماكان | ئۆزۈم | سومكا |



## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| مـ+ا = ما | مـ+ە = مە | مـ+ې = مې | مـ+ى = مى |
| مـ+ۇ = مۇ | مـ+ۆ = مۆ | ئۆ+م = ئۆم | ما+ي = ماي |
| مە+ن = مەن | مـ+ن = من | پە+م = پەم | دۇ+م = دۇم |

مۇئەللىم مۇنەۋۋەرلەرنى مۇكاپاتلىدى.

مۇشۇكنىڭ مۈڭگۈزى بارمۇ؟



تىل راۋان
Til Rawan

مەردنى مەيداندا سىنا.



ر ر






راكېتا ناغرا شىر دورا

رەسىم قۇيرۇق پاراخوت دەپتەر

**سۆز مەشىقى**

رادىيو راست رويال رەخت خەۋەر مېھىر

مىراس مەنزىرە رايون سېرىق قار كۆمۈر



**قوشۇپ ئوقۇش**

| | | | |
|---|---|---|---|
| ر+ا = را | ر+ە = رە | ر+ې = رې | ر+ى = رى |
| ئە+ر = ئەر | بە+ر = بەر | ئۇ+ر = ئۇر | ئۆ+ر = ئۆر |
| رۇ+س = رۇس | را+ي = راي | را+م = رام | رە+ت = رەت |




تىل راۋان
Til Rawan

رەختىگە ئىشەنمە، بەختىگە ئىشەن.



# ز ز






تارازا يىلپىز دېرىزە زەنجىر

زىراپە يېزا قىز زاغرا

سۆز مەشىقى

زامان زەپەر زەرەتلىگۈچ زەرگەر زىرەك

گېزىت قەغەز مۆجىزە خىزمەت زاۋۇت



قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ز+ا = زا | ز+ە = زە | ز+ي = زي | ز+ى = زى |
| ئا+ز = ئاز | ئە+ز = ئەز | سى+ز = سىز | زى+چ = زىچ |
| ئى+ز = ئىز | ئۇ+ز = ئۇز | كۆ+ز = كۆز | يا+ز = ياز |





زامان تۈزەلسە يامانمۇ تۈزىلەر

تىل راۋان
Til Rawan



# ژ ژ



ژاندارما پۇرژىنا پارىژ ماروژنى

سۆز مەشقى

ژۇرنال ژۇرنالىست رېژىسسور ژانىر

بۇژغۇن پېرسوناژ تاموژنا پىژ- پىژ

قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ژ+ا = ژا | ژ+ە = ژە | ژ+ې = ژې | ژ+ى = ژى |
| ژ+و = ژو | ژ+ۇ = ژۇ | ئا+ژ = ئاژ | ئە+ژ = ئەژ |
| مى+ژ = مىژ | غۇ+ژ = غۇژ | ۋى+ژ = ۋىژ | گا+ژ = گاژ |




ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.

Til Rawan



# ف ﻔ ﻓ ﻒ



فرما



تېلېفون



فونتان



گولف توپ

## سۆز مەشىقى

| | | | |
|---|---|---|---|
| نېفت | فىلىم | فىزىكا | فونتان |
| فورمۇلا | شاپىگراف | فارفۇر | فورما |

## قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ف+ا = فا | ف+ە = فە | ف+ې = فې | ف+ى = فى |
| ئا+ف = ئاف | ئۇ+ف = ئۇف | فا+ر = فار | فو+ن = فون |
| فو+ر = فور | يو+ف = يوف | تۇ+ف = تۇف | سۇ+ف = سۇف |


فەرۇق فىلورەگە تېلېفون بەردى.



فرانسىيەدە فارفور فونتان بار.

ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان.

تىل راۋان
Til Rawan



# ھـ ـھـ

ھەرە    ھارۋا    ھەسەل    بېھى

### سۆز مەشىقى

ھېيتگاھ    ھاسا    ھەۋەسكار    سىياھ

قەبىھ    ھوسۇل    ئىمتىھان    گىياھ



### قوشۇپ ئوقۇش

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھـ+ا = ھا | ھـ+ە = ھە | ھـ+ې = ھې | ھـ+ى = ھى |
| ئا+ھ = ئاھ | پا+ھ = پاھ | شا+ھ = شاھ | رو+ھ = روھ |
| ئۇ+ھ = ئۇھ | ھا+ي = ھاي | ھە+ق = ھەق | ھې+چ = ھېچ |




Til Rawan

ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر.



# ڭ ڭـ ـڭـ ـڭ



قوڭغۇراق



يىڭناغۇچ



خاسىڭ



سازاڭ

## سۆز مەشىقى

ساڭزا    تەڭگە    توڭلاتقۇ    قوڭغۇراق

دېڭىز    مىڭ    سىڭىل    باراڭ

## قوشۇپ ئوقۇش

ڭ+ا = ڭا    ڭ+ە = ڭە    ڭ+ى = ڭى    ڭ+و = ڭو

ئو+ڭ = ئوڭ    ئۆ+ڭ = ئۆڭ    ئا+ڭ = ئاڭ    ئە+ڭ = ئەڭ

تا+ڭ = تاڭ    يە+ڭ = يەڭ    تو+ڭ = توڭ    پۇ+ڭ = پۇڭ




ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى.

تىل راۋان
Til Rawan

ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى (1)

ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى (2)

ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى (3)

پىنيىن باغچىسى

خەت تونۇش باغچىسى (1)

خەت تونۇش باغچىسى (2)

ئىنگلىز تىلى باغچىسى

ماتېماتىكا باغچىسى

مەرىپەت باغچىسى (1)

مەرىپەت باغچىسى (2)

چۆچەك مەسەللەر باغچىسى



ISBN 978-7-5631-2757-3

定价：495.00元（全套11册）

تىل راۋان
Til Rawan